# تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتقا كۆچەلدى يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوزغالدى

(بېشى 1 - بەتتە)

### «ھەل قىلغۇچ قەدەم» ياخشى تاشلاندى «قوشۇش، ئېلىش ئۇسۇلى» ياخشى ئىشلەندى

«بىز تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنىڭ ‹قوشۇش ئۇسۇلى› ۋە ‹ئېلىش ئۇسۇلى›نى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىدۇق، مەسىلەن، ‹مۇردا كارخانا›لارنى تازىلاپ، قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شاللاپ، كارخانىلارنىڭ توك ئىشلىتىش تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتۇق؛ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىشنى كېڭەيتىپ، بازار ئېچىشقا مەدەت بېرىپ، كارخانىلارنىڭ غەم - ئەندىشىنى تۈگىتىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا، تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا ياردەم بەردۇق» دېدى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى ۋاڭجۈن.

تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى بويلاپ، ئاقسۇ ۋىلايىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېنېرگىيە - خىمىيە سانائىتى، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، سودا - ئەشيا ئوبوروتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى - مېتاللورگىيە، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەردىن ئىبارەت «ئالتە چوڭ كەسىپ تۈرى»نى بەرپا قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى يېڭىچىلاشتۇرۇش، ئەۋزەل كەسىپلەرنى توپلاشتۇرۇش، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى كۆلەملەشتۈرۈشتەك يېڭى كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈردى.

تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنىڭ «قوشۇش، ئېلىش ئۇسۇلى»دا، ئازايغىنى تۆۋەن دەرىجىلىك تەمنات بىلەن ئۈنۈمسىز تەمنات، قوشۇلغىنى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەرەققىيات ھاياتىي كۈچى. 2019 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزدا يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى 300 مىڭ كىلوۋاتتىن تۆۋەن بولغان جەمئىي 596 مىڭ 500 كىلوۋاتلىق كۆمۈر ئېلېكتىر گېنېراتورلار گۇرۇپپىلىرى تاقالدى، سېتىلىش ئالدىدىكى تاۋار ئۆي كۆلىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.5% تۆۋەنلىدى، كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مۈلۈك - قەرز نىسبىتى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.1 پىرسەنت پوئىنت ئازايدى، كارخانىلارغا چېتىلىدىغان مۇلازىمەت خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش تۈرلىرى ئالدىنقى يىلدىكى 24 تۈردىن 13 تۈرگە قىسقارتىلدى...

شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە ۋە قېزىلما بايلىقى مول، شۇنداقلا ئۆزگىچە جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىككە ئىگە. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ «ھەل قىلغۇچ قەدەم»ى ياخشى تاشلىنىپ، تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنىڭ «قوشۇش، ئېلىش ئۇسۇلى» ياخشى ئىشلىنىپ، «ئۈچنى تۈگىتىش، بىرنى تۆۋەنلىتىش، بىرنى تولۇقلاش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا نەتىجە - ئۈنۈم گەۋدىلىك بولۇپلا قالماي، يەنە بازارنىڭ ھاياتىي كۈچى قوزغىلىپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئاشۇرۇلۇپ، ئىچكى ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچى قويۇپ بېرىلىپ، خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم ئىلگىرىلىشى ۋە ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، كۆمۈرچىلىك كەسپى ئېزىلچىل تۆۋەنلەش بېسىمىغا دۇچ كېلىۋاتقاندى، قومۇل شەھىرى تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كونا - يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى ئالماشتۇرۇش، كەسىپنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قەدىمىنى ئۈزلۈكسىز تېزلەتتى. «14 - بەش يىل» مەزگىلدە، قومۇل شەھىرى مەۋقەنى ھازىر بار بولغان كۆمۈر خىمىيە سانائىتى كەسىپ ئاساسىغا قويۇپ، بايلىقتىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش ئۈنۈمى ۋە ئېنېرگىيە ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، «سۈپەت ۋە دەرىجىگە ئايرىش، ئېنېرگىيە بىلەن خىمىيە سانائىتىنى بىرلەشتۈرۈش، توپلاشتۇرۇپ بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىش»تىن ئىبارەت «كۆمۈر — خىمىيە سانائىتى — توك — پار» بىر گەۋدىلەشكەن كۆمۈردىن پاكىز ئېچىپ پايدىلىنىشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

### يېڭى كەسىپ ھالىتى يېتىلدۈرۈلدى يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى زورايتىلدى

تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى سىجىل ئالغا سىلجىتىش جەريانىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئەمەلىي كارخانىلار پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق يېڭى كەسىپ ھالىتىنى يېتىلدۈرۈش، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى زورايتىشنىڭ خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك كۈچەيتىشتىكى ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلدى.

2010 - يىلىدىن بۇيان، پولات - تۆمۈر ساھەسى بىرمەھەل پەسكويغا چۈشۈپ قالدى، باۋگاڭ گۇرۇھى شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتى يېڭىلىق يارىتىپ تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق، قىيىن شارائىتتا تېپى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلدى. بۇ شىركەتنىڭ ئوكسىگېنلىق دومنا پېچىغا ئوت يېقىلىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئەنئەنىۋى دومنا پېچىقا سېلىشتۇرغاندا، ئوكسىگېنلىق دومنا پېچىنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى. كاربونسىزلاشتۇرۇش ھۈنەر - سەنئىتى، كۆمۈر گازىدىن تەكرار پايدىلىنىش قاتارلىق ئىلغار تېخنىكىلار كاربون قويۇپ بېرىش مىقدارىنى 40%تىن كۆپرەك ئازايتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 40% ئاشۇرالايدۇ. شىركەت پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر شياۋ گودۇڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «بىز ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار ئىلگىرىكى ئادەتتىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلىشتىن، تاختا ماتېرىيال، قېلىپلاشقان ماتېرىيال، ئەلا سۈپەتلىك ماتېرىيال قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك مەھسۇلاتلارغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېشىل تەرەققىيات ۋە ئاقىل ياسىمىچىلىق جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، بىر تۈركۈم ماشىنا ئادەمنى سەپلەپ، غەربىي شىمال بويىچە تۇنجى ئەقلىي ئىقتىدارلىق پولات يۈگىمە ماتېرىيال ئامبىرى قۇرۇپ چىقتۇق. كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، قىممەت زەنجىرىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىمىز».

تىتان رۇددىسى دەسلەپكى پىششىقلاش ئارقىلىق يۇقىرى تىتانلىق ئۇۋاق ۋە بۇلۇتسىمان تىتانغا ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، زىچلىقى تۆۋەن بولغانلىقى ۋە تىتان مېتالىنىڭ خۇسۇسىيىتى سەۋەبىدىن ئاسان ساقلىغىلى بولمايدۇ. يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان مەزگىلدە، قومۇل شەھىرى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر باغچە رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ شياڭشېڭ يېڭى ماتېرىيال پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى چوڭقۇر پىششىقلاش ئارقىلىق بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلدى. بۇلۇتسىمان تىتان قەدەممۇقەدەم پىششىقلاپ ئىشلىنىپ تىتان كالتەك، يۈگەم ماتېرىيال، سوقما دېتال، قېتىشما تاختا ماتېرىيالغا ئايلاندۇرۇلدى، ساقلاش قولايلىق بولدى، بازار كېڭەيدى، قوشۇلما قىممىتى ئاشتى. كېيىنكى قەدەمدە، بۇ شىركەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەتقىق قىلىپ ئېچىش كوللېكتىپى پەن تەتقىقات ئاپپاراتى تەشكىللەپ قۇرۇپ، تىتاننى پىششىقلاپ ئىشلەپ كۆپ ساھەلىك ئىستېمالچىلارغا يۈزلەنگەن مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرىدۇ.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كانچىلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5.1% ئاشتى؛ ياسىمىچىلىقنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2.7% ئېشىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.2 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى. ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6.4% ئېشىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.7 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى؛ يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1.3% ئاشتى. بىر قاتار ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئېشىشى يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ تۈرتكىسىدىن ئايرىلالمايدۇ.

### كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بېرىلدى رىقابەت كۈچ ئاشۇرۇلدى

كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، پەرقلەرنى توغرا تاپقاندىلا، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلىغاندىلا، كارخانىلارنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچى، مەھسۇلاتلارنىڭ بازار رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ يېڭىمەھەللە يېزىسى ئاياغ لەڭگەر كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى داڭ يۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ئۇ كۈنى كەنتتە پىشقان شىنبېيلارنى ئۈزۈش باشلانغان تۇنجى كۈن ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن كەنتتىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن كەنت ئاھالىلىرىنى نۇقتىلارغا بۆلۈپ ئۈزۈشكە تەشكىللەپ، كارخانىلارنى ئىشىك ئالدىغا كېلىپ سېتىۋېلىشقا ماسلاشتۇردى. كارخانىلار شۇ كۈنى ئۈزۈلگەن ئىككى توننىدىن ئارتۇق شىنبېينىڭ ھەر كىلوگىرامىنى 14 يۈەندىن سېتىۋالدى، ئارقىدىن سوغۇق ساقلاش ئاپتوموبىلى ئارقىلىق قەشقەر ئايرودرومىغا يەتكۈزۈپ، شۇ كۈنى كەچتىلا ئىچكىرى رايونلارغا ماڭدۇردى.

كەنت ئاھالىسى موللا يۈسۈپ ئائىلىسىنىڭ 20 مو شىنبېيلىقى بولۇپ، بۇلتۇر 50 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلغاندى، بۇ يىل كىرىمى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئۇ ۋە كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ كۆڭلىگە شۇ ئايانكى، شىنبېيدىن قىلىۋاتقان كىرىم بۇ ئىككى يىلدا ئۇدا ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما كەمتۈكلۈكلەرمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، ھوسۇل مەسىلىسى، ئەشيا ئوبوروتى مەسىلىسى ۋە سېتىش بازىرى مەسىلىسى.

پەيزاۋات ناھىيەسى باغ - ئورمانچىلىق ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى بەرپا قىلىش، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىدىغان باغ - ئورمان كەسپىي تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتى قۇرۇش، باشلامچى كارخانىلارنى كىرگۈزۈش، دېھقانلارنى ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇشقا يېتەكلەش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، بۇ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلىدى. بۇ يىل، پۈتۈن كەنتتىكى 5000 مودىن ئارتۇق يەردىكى شىنبېينىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى ھوسۇلى 500 كىلوگىرامغا يېتىدۇ، ھوسۇلنى ئەڭ كۆپ ئالغان دېھقانلارنىڭ مو بېشىدىن ئالىدىغان ھوسۇلى 1.2 توننىغا يېتىپ، مو بېشى كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئېشىشى مۇمكىن.

ساھە، كارخانىلارنىڭ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش ئېڭىمۇ ئوخشاشلا ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. گۇما ناھىيەسى كۇئېنلۇن لۈيۈەن ئېشەك سۈتى تالقىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدا، مۇخبىر ئەينەك ئايرىپ تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش سېخى ئىچىدىكى ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىلغار ئاپتوماتلاشقان ئۈسكۈنىلەر ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ مەسئۇلى ۋاڭ زېشى مۇنداق تونۇشتۇردى: «مەھسۇلاتنىڭ رىقابەت كۈچى سۈپەتتە، ئەگەر سۈپەت ياخشى بولمىسا، پۈتكۈل ساھەگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ھەرقانچە كۆپ قىيىنچىلىققا يولۇقساقمۇ، باقمىچىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەربىيەلەش، پىششىقلاش، توشۇش، سېتىش قاتارلىق ھەربىر ھالقىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلايمىز. كېيىنكى قەدەمدە ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدا سوغۇق ساقلاش زەنجىرى مەركىزى قۇرۇپ، گۇما ناھىيەسىدىن خوتەن شەھىرىگە توشۇشتىكى ‹ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر›نى راۋانلاشتۇرىمىز».

يۇقۇم قاتارلىق پايدىسىز ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز بولمىغان ساھە قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى. ھالبۇكى، ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە بىر نىيەتتە تىرىشىپ ئىشلەپ، قانچىكى جاپالىق، خەتەرلىك بولغانسېرى، شۇنچىكى ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئىشەنچ ۋە جاسارەت بىلەن، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى قەتئىي تەۋرەنمەي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

قىزىتما ئامبۇلاتورىيەلىرىنىڭ قاراۋۇللۇق ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇسبەت چىققانلارنى پۈتۈن جەريانلىق يېپىق ھالقىلىق باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆزىتىش - ئۆلچەش ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىپ، ئۇچۇردىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇچۇرنىڭ راۋان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگىلەپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي «تۆتنى مەركەزلەشتۈرۈش» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ ئىلمىي، ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش - داۋالاش كېرەك. دۆلەتنىڭ 7 - نۇسخىدىكى دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، جۇڭيى تىبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ پەنگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشنى كۈچەيتىپ، داۋالاشنى بىرخىللاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش كېرەك. دوختۇر - سېسترالارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، كەسپىي تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى چىڭىتىپ، پسىخىكىلىق يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ، غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، دوختۇر - سېسترالارنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىنى ياخشى قوغداش كېرەك. تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى دەل جايىدا ئۇدۇللاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەڭشەپ ئاجرىتىش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، ئىشلىتىشنى ئەلالاشتۇرۇپ، داۋالاش، مۇداپىئەلىنىش، قۇتقۇزۇش - داۋالاش ماددىي ئەشيا كاپالىتىنى سىجىل كۈچەيتىپ، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كۈندىلىك داۋالاش مۇلازىمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، ئاممىنىڭ دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش؛ مۇداپىئەلىنىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، دىياگنوز قويۇش - داۋالاش تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دوختۇرخانىدا يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي ئاممىۋى لۇشيەننى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، تېخىمۇ ئىللىق ئەلا مۇلازىمەت قىلىش كېرەك. يۇقۇم ئالدىدا، ھەر مىللەت ئامما چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاڭلىق بويسۇنۇپ، ئامما ئالدىنى ئېلىش - ئامما تىزگىنلەشنىڭ پۇختا مۇداپىئە سېپىنى ئورتاق بەرپا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە غايەت زور تۆھپە قوشتى، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملىدى. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنى تۇغقىنىدەك كۆرۈپ، مېھىر - مۇھەببەت، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئاممىغا خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسى بىلەن قەلبداش بولۇپ، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش، خەلقنى غەمدىن خالاس قىلىش، خەلقنىڭ قەلبىنى ئىللىتىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئاممىنىڭ ئامانلىقى، ھال - ئەھۋالىنى قەلبىگە پۈكۈپ، ئاھالىلەرنى كۆكتات، گۆش، تۇخۇم، سۈت، ئاشلىق قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەشكە تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى؛ ئامما ئويلىغاننى ئويلاپ، ئامما ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، دوختۇرغا كۆرۈنۈش، داۋالىنىش، پسىخىكىلىق يېتەكلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، مۇلازىمەتتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تېز تولۇقلىشى؛ ئالاقە تورى ئارقىلىق ئاممىنى تەشكىللەش، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى يېتەكلەش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق رايىنى توپلاش، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستىنى مۇجەسسەملەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇپ، گۇمان - ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلىشى كېرەك.

تۆتىنچىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي «تۆت تەرەپ مەسئۇلىيىتى»نى چىڭىتىپ، قىلچە بوشاشماي خىزمەت قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەۋەلىك مەسئۇلىيىتى، پارتىيە، ھۆكۈمەتلەردىكى بىرىنچى قول رەھبەرلەرنىڭ بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتى، ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولىدىغان رەھبەرلەرنىڭ بىۋاستە مەسئۇلىيىتى، ئورۇنلارنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى، ساھە، تارماقلارنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى، ئائىلە ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆزىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى، تەلەي سىناش پسىخىكىسى، بوشىشىپ كېتىش روھىي ھالىتىنى قەتئىي يېڭىش كېرەك. ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بىرىنچى سەپكە ئاتلىنىپ، خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، قەتئىي ھالدا ئەھۋالنى يۈزەكى ئىگىلەشنىڭ، ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي توسۇپ، ئەھۋالنى ھەقىقىي ئىگىلەپ، مەسىلىنى توغرا تېپىپ، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشتا تەۋرەنمەسلىك، مەسئۇلىيەتچان بولۇشتا مۇجمەل بولماسلىق، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشتا بوشاشماسلىقنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. كەسكىن كۈرەش ئەمەلىيىتىدە كادىرلارنى تەكشۈرۈش، پەرقلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغانلارنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش، ئۇرۇش سېپىدە ئۆستۈرۈش، دادىل ئىشلىتىش كېرەك؛ مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالمىغان، قىلىدىغاننى قىلمىغان، ئىستىلى تۇراقسىز، خىزمەتتە كۆپتۈرمىچىلىك قىلغان، يۈزەكى ئىشلەپ مەسئۇلىيەتتىن قاچقان، مەسئۇلىيەتنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ قۇرۇق تالاش - تارتىش قىلغانلارغا قارىتا، ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە كەسكىن تۈردە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش، جاۋابكارلىققا تارتىش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

كەنتنىڭ ئەمگەك كاپالەت مەخسۇس كادىرى ئابلىز توختى ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ تېخى ھەل بولمىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، تەكلىپ قىلىش ئۇچۇرلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، مۇۋاپىق ئىش ئورنىنى تەۋسىيە قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى.

«ئاپتونوم رايونىمىز مەكتەپتىن ئايرىلغان ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ‹تىزىمغا ئالدۇرغان تۇنجى بېكەت مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى›نى يولغا قويدى.» ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر راخمانجان داۋۇت مۇنداق تونۇشتۇردى: ھەرقايسى جايلار مەھەللە، كەنتلەرنى بىرلىك قىلىپ، تەۋەلىكىدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئىشقا ئورۇنلاشمىغانلارغا بىرمۇبىر ئىش ئورنى تونۇشتۇردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز توردا تەكلىپ قىلىش سالمىقىنى زورايتتى. «10 مىليون ئىش ئورنىغا توردا تەكلىپ قىلىش 100 كۈنلۈك مەخسۇس ھەرىكىتى» ئاساسىدا، 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى «2020 - يىللىق ئاپتونوم رايونىنىڭ مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى توردا تەكلىپ قىلىش مەخسۇس مەيدان يىغىنى» ئۆتكۈزدى. 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە، جەمئىي 767 تەكلىپ قىلغۇچى ئورۇن پائالىيەتكە قاتنىشىپ، 2784 ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى.

«بىز دىققەتنى ‹ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش› ‹ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش›قا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئىشقا ئورۇنلىشالمىغانلاردىن ئىبارەت بۇ نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، ئۈزۈلدۈرمەي مۇلازىمەت قىلىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ بالدۇر ئىشقا ئورۇنلىشىشى، تېز ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق» دېدى راخمانجان داۋۇت.